## شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى مەملىكەت بويىچە سۈپەت تەكشۈرۈش - باھالاشتا ئالدىنقى 15 - ئورۇنغا ئېرىشتى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز مەھىرەت سائىتار خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى مەملىكەت بويىچە 7 - قېتىملىق سېمونت سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - باھالاشتا 515 نومۇرلۇق سېمونت كارخانىسى ئەۋەتكەن سېمونت ئەۋرىشكىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى 15 - ئورۇنغا ئېرىشتى، غەربىي شىمال رايونى بويىچە 2 - ، شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇننى ئىگىلىدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، زاۋۇت سېمونت سۈپىتىنى تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن 1، 2 - تارماق زاۋۇت لابوراتورىيە بۆلۈمىدىكى خادىملار تىرىشىپ مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلدى، تەجرىبە ئىشلەش شارائىتىنى ياخشىلاپ، تەجرىبە خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇڭا بۇ قېتىمقى دۆلەتلىك سېمونت سۈپىتى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان سېمونت سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، باھالاشتا ئالدىنقى 15 - ئورۇنغا ئېرىشتى.

## ئىلى 2 - ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق بولماقتا

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرىمىز رەھمەتجان ئەخمەت خەۋەر قىلىدۇ: 1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىش باشلانغان ئىلى 2 - ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇشىدا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، توپا قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق داۋام قىلماقتا.

ئاپتونوم رايون، ئىلى ئوبلاستىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى - ئىلى 2 - ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا 335 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە يېتەرلىك مەبلەغ،تېخنىكا، ئەمگەكچى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىستانسا ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى تاماملاندى، 120 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تورخۇنىنىڭ 15 مېترى، ھور تۇرۇبىسى پۈتتى،يان تەرەپ پومپا ئۆيىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتى تاماملاندى. مۆلچەرلىنىشچە،بىرىنچى ماشىنا گورۇپپىسى 1998 - يىلى 3 - ئايدا، ئىككىنچى ماشىنا گورۇپپىسى 7 - ئايدا توك تارقىتالايدىكەن.

## تونيارېزى دېھقانلىرى قۇرغان كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆسمەكتە

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابدۇۋېلى ئەخمىدى خەۋەر قىلىدۇ: غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تونيارېزى يېزىسىدىكى دېھقانلار قۇرغان كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئالتە ئېيىدا 6 مىليون 987 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ساپ پايدا ياراتتى.

1994 - يىلدىن بۇيان، بۇ يېزىدىكى دېھقانلار يېزىنىڭ 218 - نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقىدەك ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن يول ياقىسى ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى، 252 ئائىلە 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ئۇلارغا بانكا قەرز بەرگەن 136 مىڭ يۈەننى قوشۇپ، ئوت - چۆپ، شاخ-شۇمبا ئۇششاقلاش ماشىنىسى مۇلازىمىتى، سوغۇق ئىچىملىك ياساش - سېتىش مۇلازىمىتى يولغا قويدى. شال تازىلاش زاۋۇتى، توك تۈگمىنى، باغاچىلىق، تۆمۈرچىلىك، رېمونتچىلىق، ساتىراشلىق،سۈرەت تارتىش، ئاشخانا، مونچا ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل مۇلازىمەتنى جانلاندۇرۇپ،ئېشىنچا ئەمگەكچىلەرگە ئىش تېپىپ بەردى، كارخانا قۇرغان دېھقانلار 45 ئادەم (قېتىم) ئۆز خىراجىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە، ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، يېزا بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش، يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش بويىچە تەربىيىلەندى، كىچىك كارخانىلار بازار ئۆزگىرىشى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، سۈپەت ئۆلچىمىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرگەنلىكتىن، كارخانىلار 1994 - يىلدىن بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئالتە ئېيىغا قەدەر دۆلەتكە 576 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك باج تاپشۇردى.



پىچان ناھىيە دىغار يېزىسىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ كېۋەز تېرىش، پەرۋىش قىلىش چىڭ تۇتۇلغاچقا، دېھقانلارنىڭ پاختىدىن قىلغان كىرىمى يىلمۇ يىل كۆپەيدى.

سۈرەتتە: يېزا مەسئۇللىرى بىلەن تېخنىكلار كېۋەزنىڭ غوزىلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە.

سېپتىليار سايىم، قالىم قاھىر فوتوسى

## لوپ ناھىيىسىنىڭ 3 - قارارلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئەلۋەرجان مامۇت خەۋەر قىلىدۇ: لوپ ناھىيىسىنىڭ 1994 - ، 1996 - يىللىق 3 - قارارلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىپ تۇپراقنى ياخشىلاش تۈرى ۋە 1995 - ، 1996 - يىللىق ئوتتۇرا - تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەز ئېتىزلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، لوپ ناھىيىسىنىڭ 3 - قارارلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش، ئوتتۇرا - تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا بوز يەر ئېچىش ۋەزىپىسى 4500 مو، مۇداپىئە ئورمىنى بىنا قىلىش ۋەزىپىسى 20 مىڭ مو بولۇپ، ۋەزىپە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5000 مو، 21 مىڭ مو ئورۇندالغان، بۇ تۈر قۇرۇلۇشىغا يۇقىرىدىن بېرىلگەن 4 مىليون 155 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا، تۇپراقنى ياخشىلاش، ئوتتۇرا - تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش، يول قۇرۇلۇشى، سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياساش، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تۈردىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلغان.

## قاراتال بازىرى يازلىق يىغىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئېگىز قوناقنى تېرىپ بولدى

سۈرەتلىك خەۋەر

ئاقسۇ شەھىرىدىكى قاراتال بازىرى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر 30 مىڭ مو بۇغداينى يىغىش، 25 مىڭ مو ئېگىز قوناق تېرىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداپ بولدى.

بۇ يىل قاراتال بازىرىدا يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، 30 مىڭ مو بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇلى 425 كىلوگرامغا، ئومۇمىي ھوسۇلى 12 مىليون 750 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، بولتۇرقىدىن بىرلىك ھوسۇلى بەش كىلوگرام، ئومۇمىي ھوسۇلى 150 مىڭ كىلوگرام ئاشتى. 10 - ئىيۇندىن باشلاپ قاراتال بازىرى ئەمگەك كۈچلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يىغىم - تېرىمغا ئاتلاندۇرغاچقا، يىغىم - تېرىم سۈرئىتى تېز بولدى، 25 مىڭ مو ئېگىز قوناقنىڭ ھەممىسىگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلدى، دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن بۇغدىيى 1 مىليون كىلوگرامدىن كۆپرەككە يېتىپ، ۋەزىپىسىنىڭ يېرىمى ئورۇندىلىپ بولدى.



## قىزىلسۇ ئوبلاستى 1997 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشماقتا



